3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

قەشقەر ۋىلايىتىدە:

# چارۋىچىلىقتا نورمال ئىشلەپچىقىرىشقا پۈتۈن كۈچ بىلەن كاپالەتلىك قىلىندى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لى چۈنشيا

11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، كوناشەھەر ناھىيەسى يەنسۇگشەن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپىراتىپىدا، قوتاز ۋە قويلار قوتاندىن چىقىپ، ئاپتاپقا ئەركىن قاقلىنىۋاتاتتى. دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈرۈشكە مەسئۇل بولغان توختىبەگ ئۇرايىم مۇداپىئە كىيىمنى كىيىپ، پۈركۈگۈچنى ئېسىپ، يول، قوتان ھەتتا ئىشىك تۇتقۇچلىرىغىچە قاتتىق دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈردى.

«كالا ۋە قويلارنىڭ يەيدىغىنى بار، ھەر كۈنى ئادەم كېلىپ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا يېتەكچىلىك قىلىدۇ، ئەندىشە قىلىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق» دېدى ھەمكارلىق كوپىراتىپىنىڭ مەسئۇلى ئەلى ئوبۇل.

كوناشەھەر ناھىيەسىدە يۇقۇم يۈز بەرگەندىن كېيىن، قەشقەر ۋىلايىتى كۆپ خىل تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، يەم - خەشەكنى زاپاس ساقلاشنى ياخشى ئىشلەپ، چارۋىچىلىق تېخنىكا مۇلازىمەت ئەترەتلىرىنى تەشكىللەپ قۇرۇپ، دېھقان ئائىلىلىرى ئۈچۈن ھايۋانات يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، باقمىچىلىق مەيدانى(ئائىلىسى)نى دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈرۈش قاتارلىق تېخنىكا مۇلازىمىتى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، يۇقۇمنىڭ چارۋىچىلىقتا بولغان تەسىرىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈپ، يۇقۇم مەزگىلىدە چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلدى.

كوناشەھەر ناھىيەسى يەنسۇگشەن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپىراتىپى كوناشەھەر ناھىيەسىنىڭ تاشمىلىق يېزىسى ئەسكە كەنتىگە جايلاشقان بولۇپ، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 1200 كۋادرات مېتىر، ھازىر 200 قوتاز، 600 قوي بار، بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسمىنى كەنتتىكى 38 ئائىلىلىك كەنت ئاھالىسى ھاۋالىلىك بېقىشقا بەرگەن. ئەلىنىڭ مۇخبىرغا ئېيتىشىچە، يۇقۇم يۈز بەرگەندىن كېيىن، ھەمكارلىق كوپىراتىپى زاپاس ساقلىغان سىلوس يېتەرلىك بولغان، لېكىن باشقا يەم - خەشەكلەر يەنىلا يېتىشمىگەن. «ئەھۋالىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى ۋە كەنت «ئىككى كومىتېت»ى ئەھۋالنى ئىگىلىگەندىن كېيىن، يەتتە توننا كۆنجۈرە بىلەن كېپەكنى دەرھال ماسلاشتۇرۇپ يۆتكەپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئەندىشىسىنى تۈگەتكەن.

ئەلنى تېخىمۇ خاتىرجەم قىلغىنى شۇكى، يۇقۇم مەزگىلىدە، كەنتتىكى ھايۋانات يۇقۇمى مۇداپىئە خادىمى روزى ئەممەت ھەر كۈنى ھەمكارلىق كوپىراتىپىغا كېلىپ، ھەربىر قوتاننى ئەستايىدىل چارلاپ، دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈرۈش خىزمىتىنى نازارەت قىلىپ، قوتاز ۋە قويلارنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك ۋە مۇلازىمەت قىلغان. «بىز باقمىچىلاردىن تۈرلۈك يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قوي - كالىلارنى بېقىشنىڭ پۈتكۈل جەريانىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشنى تەلەپ قىلدۇق» دېدى روزى.

«بۈگۈن جەمئىي 2000غا يېقىن تۇخۇم ساتتۇق، بۇ مەزگىلدە ئائىلىمىز تۇخۇم سېتىپ 20 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق كىرىم قىلدى، بۇنىڭ ھەممىسى خىزمەت ئەترىتى بىلەن كەنت ‹ئىككى كومىتېت›نىڭ ياردىمىدىن بولدى» دېدى تاشمىلىق يېزىسىنىڭ غىدىرلاڭ كەنتىدىكى يېشىل شاكاللىق تۇخۇم توخۇسى باقمىچى ئائىلىسى قۇربان ھەممەت خۇشال ھالدا.

قۇربان ئائىلىسى يېشىل شاكاللىق تۇخۇم توخۇسىدىن 4000نى باقاندى، يۇقۇم يۈز بەرگەندىن كېيىن، «ئەھۋالىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» بويىچە كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى بىلەن كەنت «ئىككى كومىتېت»دىكىلەر ئىشىك ئالدىغىچە بېرىپ ئېھتىياج ۋە قىيىنچىلىقلارنى سوراپ، ۋاكسىنا ئەملەش، تۇخۇم سېتىش قاتارلىق قىيىن مەسىلىلەرنى ياردەم بېرىپ ماسلاشتۇرۇپ ھەل قىلدى. يېزىلىق چارۋىچىلىق پونكىتىدىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش خادىملىرى ئىككى قېتىمدا 8000 تال ۋاكسىنىنى ئىشىك ئالدىغىچە يەتكۈزۈپ بەردى، ھەممىدە ۋاكسىنا ئەملەشكە ياردەملەشتى؛ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش خادىملىرى ئىشىك ئالدىغىچە بېرىپ تۇخۇملارنى تەكشۈرۈپ كارانتىن قىلغاندىن كېيىن، يېزىلىق تەمىنات - سودا كوپىراتىپى ئىشىك ئالدىغىچە بېرىپ سېتىۋالدى.

تاشمىلىق يېزىلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى ۋاڭ زىبىڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەزگىلىدە، بۇ يېزا چارۋىچىلىق پونكىتى، كەنت دەرىجىلىك يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش خادىملىرى قاتارلىقلارغا تايىنىپ، 50 نەپەرچە كىشىدىن تەشكىللەنگەن چارۋىچىلىق تېخنىكا مۇلازىمەت ئەترىتىدىن 18نى تەشكىللەپ قۇرۇپ، دېھقانلارنىڭ باقمىچىلىقىغا تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىش ۋە مۇلازىمەت قىلىشنى كۈچەيتتى؛ كەنت ئاھالىلىرىنىڭ چارۋا، ئۆي قۇشلىرى مەھسۇلاتلىرىنى يىغىشقا تېگىشلىكلىرىنى تولۇق يىغدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، توشۇش، تىجارەت قىلىش، زاپاس ساقلاش قاتارلىق ئوبوروت ھالقىلىرىنى نازارەت قىلىش - باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، سۈپەت بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

ئىستاتىستىكا قىلىنىشىچە، 11 - ئاينىڭ 8 - كۈنىگىچە، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ گۆش زاپىسى 10 مىڭ توننا، 88 كۆلەملەشكەن تۇخۇم توخۇسى باقمىچىلىق مەيدانى(ئائىلىسى)نىڭ كۈندىلىك تۇخۇم ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى تەخمىنەن 114 توننا بولغان، ھازىر بار بولغان سۈت كالىسى 185 مىڭ، كۈندىلىك سۈت ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 186 توننا بولغان بولۇپ، پۈتۈن ۋىلايەتتىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ گۆش، تۇخۇم، سۈت قاتارلىق ئەشيالارغا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدىكەن.



11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، ئىشچى - خىزمەتچىلەر كوناشەھەر ناھىيەسىنىڭ يەنسۇگشەن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق مەھسۇلاتلىرى دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپىراتىپىدا سىلوس قاچىلاپ توشۇماقتا. □ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ئۆتكۈر نىجات فوتوسى

11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىققان ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغىرىق مىسالىدىن بەشى يېڭىدىن كۆپەيدى كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن 24 يۇقۇملانغۇچىنى تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى

# تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىنغان كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچى جەمئىي 100دىن ئاشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز چاۋ جىن خەۋەر قىلىدۇ: 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، دۆلەت ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تېببىي قۇتقۇزۇش - داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ بىرلىكتە دىياگنوز قويۇپ باھالىشى ئارقىلىق، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان بەش ئاغىرىق مىسالى دۆلەت سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى، دەپ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغىرىق مىسالىنىڭ دوختۇرخانىدىن چىقىش ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن كېلىپ، ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى؛ كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن 24 يۇقۇملانغۇچىنى تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى، بۇنىڭ ئىچىدە قەشقەر ۋىلايىتىدە 22، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىدا ئىككى. ھازىرغىچە، بۇ قېتىمقى يۇقۇمدا ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان 42 ئاغىرىق مىسالى ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن 108 يۇقۇملانغۇچىنى تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى تېببىي قۇتقۇزۇش - داۋالاش مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى لۇ چېن مۇنداق تونۇشتۇردى: 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنىگىچە، تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىنغان كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچى جەمئىي 100دىن ئاشتى، بۇ، ئالدىنقى بىر مەزگىلدە دۆلەت مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى، ئاپتونوم رايونلۇق مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ھەم بارلىق تېببىي خادىملارنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا، قۇتقۇزۇش - داۋالاش خىزمىتىنىڭ ئىلمىي، ئۈنۈملۈك، ئايرىپ كۆزىتىش تەدبىرلىرىنىڭ تەرتىپلىك بولغانلىقىنى، مۇئەييەن نەتىجىلەرنىڭ قولغا كەلتۈرۈلگەنلىكىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بولۇپمۇ، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلارغا قارىتا بالدۇر ئايرىلىش، ئوزۇقلۇقنى كۈچەيتىش ھەم قاتتىق كۆزىتىپ ئۆلچەش ئارقىلىق، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ ئېنىق دىياگنوز قويۇلغانلارغا تەرەققىي قىلىشىنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدى ئېلىندى. كېيىنكى قەدەمدە بىز مۇشۇ ئاساستا «يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى دىياگنوز قويۇپ داۋالاش لايىھەسى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلغان 8 - نۇسخىسى)»غا قاتتىق ئەمەل قىلىپ، ئاغرىقلارغا دىياگنوز قويۇپ داۋالاش لايىھەسىنى داۋاملىق ئەلالاشتۇرۇپ، جۇڭيى تېبابىتى دورىلىرىنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنى قۇتقۇزۇش - داۋالاشقا پۈتۈن داۋالاش باسقۇچى بويىچە ھەر تەرەپلىمە، چوڭقۇر قاتنىشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىللە، كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلارنى كۆزىتىشنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، ھەربىر ئاغرىقنىڭ بالدۇرراق ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقىشىنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرىمىز.

(بېشى 1 - بەتتە)

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش ئۇنىۋېرسال مەمۇرىي قانۇن ئىجراسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىش، گۈزەل جۇڭگو قۇرۇشنىڭ ئوبيېكتىپ ئېھتىياجى، شۇنداقلا ئۇ ئەڭ چىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىت قانۇنچىل تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇشتىكى مۇقەررەر تاللاش. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار، ئورۇنلار قانۇن ئىجرا قىلىش ئىشلىرىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، مەسئۇلىيەت دائىرىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، قانۇن ئىجرا قىلىش شەكلىنى ئەلالاشتۇرۇپ، مۇلازىمەت يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھات بىرىكمە كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى قوغداش ئۇنىۋېرسال مەمۇرىي قانۇن ئىجراسى ئىسلاھاتىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش فۇنكسىيەسى ۋە قانۇن ئىجرا قىلىش بايلىقىنى بىر تۇتاش پىلانلاپ تەقسىملەپ، ئادىل، مەدەنىي قانۇن ئىجرا قىلىشنى قاتتىق قېلىپلاشتۇرۇشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: يەر تەۋرەشتىن ئالدىن سىگنال بېرىشنى كۈچەيتىش يەر تەۋرەش ئاپىتىنىڭ زىيىنىنى يېنىكلىتىشتىكى مۇھىم تېخنىكىلىق ۋاسىتە، شۇنداقلا جەمئىيەتنىڭ كەڭ دىققىتىنى تارتىدىغان، خەلق تۇرمۇشى بىخەتەرلىكىگە چېتىلىدىغان مۇھىم قۇرۇلۇش. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ يەر تەۋرەشتىن ئالدىن سىگنال بېرىشنى باشقۇرۇش چارىسى(دەسلەپكى لايىھە)» تۈزۈلسە، ئاپتونوم رايونىنىڭ يەر تەۋرەشتىن ئالدىن سىگنال بېرىش خىزمىتىنى قېلىپلاشتۇرۇپ باشقۇرۇپ، يەر تەۋرەشتىن ئالدىن سىگنال بېرىشنىڭ يەر تەۋرەش ئاپىتىنىڭ زىيىنىنى ئازايتىش رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرغىلى، خەلقنىڭ ھاياتى ۋە مال - مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە تېخىمۇ ياخشى كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: ئەشيا ئوبوروتى تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىشكە تۈرتكە بولۇش خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئايلىنىشىنى راۋانلاشتۇرۇش، كەسپلەرنىڭ ئۇنىۋېرسال رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ، بۇ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ ئوبيېكتىپ تەلىپى. ئەشيا ئوبوروتى ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئەشيا ئوبوروتى ئەسلىھە - ئۈسكۈنىلىرىنىڭ يۇقىرى ئۈنۈملۈك جىپسىلىشىشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئاچقۇچلۇق ھالقىلار ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يەر ۋە مەبلەغ كاپالىتىنى كۈچەيتىپ، باجنى كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىش تەدبىرىنى چوڭقۇر ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئەشيا ئوبوروتى ئۇچۇر بايلىقىنى ئېچىۋېتىش، ھەمبەھىرلىنىشنى كۈچەيتىپ، ئەشيا ئوبوروتى كەسپىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇپ، ئەشيا ئوبوروتى تەننەرخىنى يەنىمۇ تۆۋەنلىتىپ، ئەشيا ئوبوروتى ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى سودا ئەشيا ئوبوروتى مەركىزى قۇرۇلۇشىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، ئاپتونوم رايونىمىز ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش، يېڭى ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: تاشقى سودا كارخانىلىرىنىڭ ئىچكى بازاردا سېتىشقا يۈزلىنىشىنى قوللاش كارخانىلارنىڭ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشىگە ياردەم بېرىپ، كارخانىلارنىڭ تىجارەت قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، يېڭى ئېشىش بوشلۇقى ئېچىشقا پايدىلىق. تەلەپنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئېكسپورت مەھسۇلاتلىرىنى ئىچكى بازاردا سېتىشقا ئۆزگەرتىشنى يۇقىرى ئۈنۈملۈك، قولايلىق مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك. «ئوخشاش لىنىيە، ئوخشاش ئۆلچەم، ئوخشاش سۈپەت»تىكى مەھسۇلاتلارنىڭ ئىچكى بازارغا كىرگۈزۈلۈپ سېتىلىشىنى قوللاش كېرەك. بىلىم مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش ۋە قوللىنىشنى كۈچەيتىپ، كارخانىلارنىڭ ئۆزىنىڭ سۈپەتلىك ماركا قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشىنى قوللاش كېرەك. ئېكسپورت مەھسۇلاتلىرىنى ئىچكى بازاردا سېتىشقا ئۆزگەرتىشتە تور ۋە تور سىرتى سۇپىسى بەرپا قىلىش كېرەك. تاشقى سودا كارخانىلىرىنى سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش تور قۇرۇلۇشىغا پائال قاتنىشىشقا يېتەكلەپ، ئېكسپورت مەھسۇلاتلىرىنى ئىچكى بازاردا سېتىشقا ئۆزگەرتىشكە دائىر سىياسەت، تەدبىرلەرنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك.

يىغىندا يەنە باشقا ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

ئاپتونوم رايون تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى ئاچتى

# بۇ يىل قىش، كېلەر يىلى ئەتىيازلىق ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ۋە يۇقىرى ئۆلچەملىك ئېتىز - ئېرىق قۇرۇلۇشى خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ليۇ يى خەۋەر قىلىدۇ: 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، ئاپتونوم رايون قىشلىق، ئەتىيازلىق ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ۋە يۇقىرى ئۆلچەملىك ئېتىز - ئېرىق قۇرۇلۇشى تېلېۋىزىيە - تېلېفون يىغىنى ئاچتى. يىغىندا پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھى ۋە 3 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ھەرقايسى جايلارنىڭ تەجرىبە - ئۇسۇللىرى يەكۈنلىنىپ، ئالماشتۇرۇلۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بۇ يىل قىش، كېلەر يىلى ئەتىيازلىق ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ۋە يۇقىرى ئۆلچەملىك ئېتىز - ئېرىق قۇرۇلۇشى خىزمىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: بۇ يىلدىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يۇقىرى ئۆلچەملىك ئېتىز - ئېرىق قۇرۇلۇشى سىجىل كۈچەيتىلدى، بۇ، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنىڭ زامانىۋىلىشىشىغا تۈرتكە بولۇش، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىق بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىشتا مۇھىم رول ئوينىدى. دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى قىلچە بوشاشماي ياخشى ئىشلەش ئالدىنقى شەرتتە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بۇ يىل قىش، كېلەر يىلى ئەتىيازلىق ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ھەم يۇقىرى ئۆلچەملىك ئېتىز - ئېرىق قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ھەم يۇقىرى ئۆلچەملىك ئېتىز - ئېرىق قۇرۇلۇشىدىكى تۈرلۈك نىشان - ۋەزىپىلەرنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنداشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: يۇقىرى ئۆلچەملىك ئېتىز - ئېرىق قۇرۇلۇشىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى تۇتۇپ، قۇرۇلۇش ۋەزىپىسىنى يۇقىرى سۈپەتلىك، يۇقىرى ئۈنۈملۈك تاماملاش كېرەك. كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن تەشكىللەپ قانات يايدۇرۇپ، سۇ ئاپىتى، قۇرغاقچىلىق ئاپىتىدىن مۇداپىئەلىنىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلەش كېرەك. مۇھىم، زور سۇچىلىق قۇرۇلۇشلىرىنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىپ، سۇ بايلىقىنى ئەلالاشتۇرۇپ تەقسىملەش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىش كېرەك. ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ئۇل ئەسلىھەلىرىنىڭ يۈرۈشتۈرۈشىنى باشقۇرۇش - ئاسراشنى ئومۇميۈزلۈك يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئېتىز - ئېرىق سۇچىلىق ئەسلىھەلىرىنى تەكرار قۇرۇش، باشقۇرۇشقا سەل قاراش ۋەزىيىتىنى ھەقىقىي ئۆزگەرتىش كېرەك. يېزا ئىگىلىكى سۇ باھاسى ئۇنىۋېرسال ئىسلاھاتى خىزمىتىنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، يېزا ئىگىلىكىدە سۇ تېجەش ۋە يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاشلىق بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش، يېزا - كەنتلەرنىڭ ئومۇميۈزلۈك گۈللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن يېڭى، تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇش كېرەك.

(بېشى 1 - بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، بىڭتۇەن پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، جىڭۋېي ۋاڭ جۈنجېڭ دوكلات بېرىش يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

دوكلات بېرىش يىغىنىدا، ئې جىڭپېڭ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 - ئومۇمىي يىغىنىدا بەرگەن مۇھىم دوكلاتى، مۇھىم چۈشەندۈرۈشى، قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى ۋە ئومۇمىي يىغىندا قاراپ چىقىلىپ ماقۇللانغان «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ 14 - بەش يىللىق يىرىك پىلانى ۋە 2035 - يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانىنى تۈزۈش توغرىسىدىكى تەكلىپى»نى زىچ چۆرىدەپ، ئۆگىنىش تەسىراتى، جانلىق مىساللار، تەپسىلىي ۋە ئېنىق سانلىق مەلۇماتلار ئارقىلىق، 5 - ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر شەرھلىدى ۋە ئومۇميۈزلۈك چۈشەندۈردى. ئۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پارتىيە 19 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 5 - ئومۇمىي يىغىنى پارتىيەمىز تارىخىدىكى بىر قېتىملىق ئابىدىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە ئومۇمىي يىغىن. ئومۇمىي يىغىندا ماقۇللانغان «تەكلىپ» دۆلىتىمىزنىڭ ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلاش، ئىككىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىغا يۈرۈش قىلىشتىكى پروگراممىلىق خاراكتېرلىك ھۆججەت، بۇنىڭدىن كېيىنكى بەش يىل، ھەتتا تېخىمۇ ئۇزاق مەزگىلدىكى دۆلىتىمىز ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ھەرىكەت كۆرسەتمىسى. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھى يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشنىڭ يېڭى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئىلمىي كۆرسەتمە ۋە تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى. ئومۇمىي يىغىندا قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇھىم نەتىجىلەر، قىلىنغان مۇھىم، زور ئورۇنلاشتۇرمىلار جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىش تارىخىي مۇساپىسىنى ئالغا سىلجىتىشتا مۇھىم، زور ھەم چوڭقۇر ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئې جىڭپېڭ دۆلىتىمىزنىڭ يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرگەنلىكىنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتى، پايدىلىق شارائىت ۋە مۇھىم ئالاھىدىلىكىنى چوڭقۇر تونۇش، 2035 - يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان ۋە «14 - بەش يىل» مەزگىلىدىكى دۆلىتىمىز تەرەققىياتىنىڭ يېتەكچى فاكتورى، مۇھىم نىشانى، نۇقتىلىق ۋەزىپىلەرنى دەل جايىدا ئىگىلەش، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىش ئىستراتېگىيەلىك تەسەۋۋۇرى ۋە مۇھىم كۈچەش نۇقتىسىنى مەھكەم ئىگىلەش، پارتىيەنىڭ ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ كۈچىنى سەپەرۋەر قىلىپ، «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلان ۋە 2035 - يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش قاتارلىق تەرەپلەردىن سىستېمىلىق شەرھلىدى، چۈشەندۈردى، چوڭقۇر، چۈشىنىشلىك قىلىپ نوپۇزلۇق يېتەكچىلىك قىلدى.

ۋاڭ جۈنجېڭ دوكلات بېرىش يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلغاندا مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ھەر دەرىجىلىك ھەرقايسى تارماقلار ۋە كەڭ پارتىيەلىك كادىرلار مەركەز لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ لېكسىيە دوكلاتى بېرىش نەتىجىسىدىن ياخشى پايدىلىنىپ، مەركەز لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ بىڭتۇەنگە كېلىپ لېكسىيە سۆزلىشىنى پۇرسەت بىلىپ، قاتلاممۇقاتلام لېكسىيە سۆزلەش ۋە تەشۋىق قىلىش، شەرھلەش خىزمىتىنى ياخشى تەشكىللەپ قانات يايدۇرۇپ، تېزدىن ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش قىزغىن دولقۇنىنى قوزغاش كېرەك. زېھنىنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، «14 - بەش يىل»لىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى پىلانلاشقا تېخىمۇ مەركەزلەشتۈرۈپ، بىڭتۇەننىڭ «14 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلانىنى ئىلمىي ياخشى تۈزۈش كېرەك.

11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئې جىڭپېڭ يەنە بىڭتۇەن 12 - شىسى سەنپىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىغا كېلىپ، ئاساسىي قاتلامدىكى كادىرلار، ئامما بىلەن ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرۇپ، چۈشەنچىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەردى.

بىڭتۇەن رەھبەرلىرىدىن پېڭ جياروي، لى شىنمىڭ، شاۋ فېڭ، ليۇ جيەنمىڭ، مۇتەللىپ مەتتوختى، ياۋ شىنمىن، جاڭ يۇڭ، لى پىڭ، لۇ شۆپىڭ، لى جىدۇڭ، جوڭ بو دوكلات بېرىش يىغىنىغا قاتناشتى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 - نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)